السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدا ئىككى دانە ساۋۇت بار ئىدى، ئۇ بىر قورام تاش ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ چىقالمىدى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇپ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى، تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلھە قولغا كەلتۈردى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدا ئىككى دانە ساۋۇت بار ئىدى، ئۇ بىر تاشقا چىقماقچى بولۇپ چىقالمىدى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەسسەپ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى،تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلھە قولغا كەلتۈردى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ
[[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)]]
[[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]]

ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ قىلىچ-نەيزىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى دانە تۆمۈر ئۇرۇش كىيىمى كەيگەن ئىدى، تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا تەمشىلىپ بېقىپ چىقالمىدى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ پەستە ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دەسسەپ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «تەلھە قولغا كەلتۈردى» دېدى، يەنى: تەلھەنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشى كۈنىدە قىلغان ئەمەلى ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋاجىپ قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان مەزكۇر ئەمىلى بىلەن جەننەتكە لايىق بولدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee